# ئىپتار ۋاقتىدا دۇئا قىلىدىغان ۋاقىت توغرىسىدا

وقت الدعاء عند الإفطار

< ئۇيغۇرچە >

پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلئۇسەيمىيىن

فضيلة الشيخ محمد بن صالح العثيمين

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: نظام الدين تمكيني

# ئىپتار ۋاقتىدا دۇئا قىلىدىغان ۋاقىت توغرىسىدا

14103 ـ نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

روزا تۇتقۇچىنىڭ ئىپتار ۋاقتىدا ئىجابەت بولىدىغان دۇئانىڭ ۋاقتى ئىپتاردىن ئىلگىرىمۇ ياكى ئىپتار قىلىۋېتىپ قىلامدۇ ياكى ئىپتاردىن كېيىن قىلامدۇ؟ مۇشۇ ۋاقىتتا قىلىدىغان دۇئا بۇ توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس بايان قىلىنغانمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

شەيخ مۇھەممەد بىن ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھدىن بۇ سوئال سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "كۈن پاتقاندا ئىپتاردىن ئىلگىرى دۇئا قىلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا روزا تۇتقۇچىنىڭ نەپسى ئېزىلىپ ئۆزىنى ناھايىتى تۆۋەن تۇتىدۇ، مۇشۇنىڭ ھەممىسى دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن، ئەمما ئىپتاردىن كېيىن بولسا ئىنساننىڭ نەپسى راھەتلىنىپ، خۇرسەن بولىدۇ بەزى ۋاقىتتا غەپلەتتە قالىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بۇ توغرىدا بايان قىلىنغان ھەدىس سەھىھ بولسا ئىپتاردىن كېيىن دۇئا قىلغان دېيىلگەن، ئۇ دۇئا: «ئۇسسۇزلۇق كەتتى، تومۇرلار نەمدەلدى، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئەجىرلەر بېكىتىلدى » [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ ھەسەن دەپ ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا (2066) كەلتۈرگەن]. بۇ دۇئا ئىپتاردىن كېيىن بولىدۇ. شۇنىڭدەك بەزى ساھابىلاردىن: «ئەي ئاللاھ! سىلى ئۈچۈن روزا تۇتتۇق، سىلى بەرگەن رىزىقتا ئىپتار قىلدۇق» دېگەن مەزمۇندا قىلىنغان دۇئالارمۇ بايان قىلىنغان، شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئۆزىڭىزگە مۇناسىپ بولغان دۇئانى قىلسىڭىز بولىدۇ". [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھنىڭ 8-نومۇرلۇق ئايلىق ئۇچرىشىش پروگراممىسى ناملىق ئەسەردىن ئېلىندى"].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

IslamHouse.com